2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

لى كېچياڭ بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (ئۈزۈندە)

بۇ يىللىق ئاساسلىق تەرەققىيات نىشانى ۋە كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندە مۇنداق دېدى: بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تاكتىكىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ جەڭنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا، بازار سۇبيېكتىغا، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە، كەسپ زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا، ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى مىسلىسىز خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ، لېكىن بىز ئۆزگىچە سىياسىي ئەۋزەللىككە ۋە تۈزۈم ئەۋزەللىكىگە، كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئاساسقا، غايەت زور بازار يوشۇرۇن كۈچىگە، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراستىگە ئىگىمىز. خىرىسقا دادىل يۈزلىنىپ، تەرەققىيات ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىنى قوغداپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىدىغانلا بولساق، نۆۋەتتىكى قىيىن ئۆتكەلدىن چوقۇم بۆسۈپ ئۆتەلەيمىز، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ئۈمىدكە تولىدۇ.

ۋەزىيەت ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ھۆكۈم قىلىپ، يۇقۇم يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئويلاشقان كۆزلىمە نىشانىنى مۇۋاپىق تەڭشىدۇق. بۇ يىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىمىز؛ شەھەر ـ بازارلاردا 9 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەر ـ بازارلاردا ئېنىقلانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 6% ئەتراپىدا، شەھەر ـ بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئەتراپىدا تىزگىنلەيمىز؛ ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىنى 3.5% ئەتراپىدا تىزگىنلەيمىز؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرىمىز؛ ئاھالە كىرىمىنى ئاساسەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن ماس قەدەمدە ئاشۇرىمىز؛ ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلايمىز؛ زور پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىمىز ۋە ئۇنى تىزگىنلەيمىز؛ بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ۋە ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ چىقىرىلىش مىقدارىنى داۋاملىق ئازايتىپ، «13 ـ بەش يىللىق» يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندايمىز.

ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بىز ئىقتىسادنىڭ پۈتۈن يىللىق ئېشىش سۈرئىتى توغرىسىدا كونكرېت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، يەر شارى خاراكتېرلىك يۇقۇمدا ۋە ئىقتىساد ـ سودا ۋەزىيىتىدە زور ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى پەرەز قىلىش قىيىن بولغان بەزى تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەرقايسى تەرەپلەرنى زېھىن ـ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشقا يېتەكلەشكە پايدىلىق. «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» بۇ يىللىق «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنىڭ كۈچەش نۇقتىسى. «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نىڭ تۆۋەن چېكىنى ساقلىغاندا، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ؛ كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلىگەندە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىغىلى بولىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىغا يېتىشتىمۇ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىمۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى تىرەك قىلىدىغان گەپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئومۇمىيەتكە چېتىلىدىغان ئىش. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش چارىسى ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازارغا تۈرتكە بولۇپ، ئېشىشنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، زەربىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرغىلى، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان يېڭى يولدا مېڭىشىمىز كېرەك.

ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك بولۇشى كېرەك. بۇ يىل قىزىل رەقەم نىسبىتى 3.6%تىن يۇقىرى سەۋىيەدە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مالىيە قىزىل رەقەم كۆلىمى بۇلتۇرقىدىن 1 تىرىليون يۈەن ئاشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1 تىرىليون يۈەنلىك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە زايومى تارقىتىلدى، بۇ، پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە قوللىنىلغان پەۋقۇلئاددە تەدبىر، يۇقىرىقى 2 تىرىليون يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسى جايلارغا يۆتكەپ بېرىلىدۇ، ئالاھىدە يۆتكىمە چىقىم مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، مەبلەغ شەھەر، ناھىيە ئاساسىي قاتلاملىرىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلۈپ، كارخانىلار ۋە خەلق بىۋاسىتە مەنپەئەتلەندۈرۈلىدۇ، ئاساسەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى ۋە بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا، جۈملىدىن باجنى كېمەيتىش ـ ھەقنى تۆۋەنلىتىشكە مەدەت بېرىش، ئىجارە كېمەيتىش ـ ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىشكە مەدەت بېرىش، ئىستېمالنى ئاشۇرۇش ۋە مەبلەغ سېلىشقا مەدەت بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىپ، ئاممىۋى مالىيەنىڭ خۇسۇسىيىتى كۈچەيتىلىدۇ، تۇتۇپ قېلىشقا، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مالىيەنىڭ چىقىم قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا قىلىنىدىغان چىقىمنى ئازايتىماستىن كۆپەيتىش، مۇھىم ساھەلەرگە قىلىنىدىغان چىقىمنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش، ئادەتتىكى چىقىملارنى قەتئىي قىسقارتىش كېرەك، يېڭىدىن ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى سېلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، ئىسراپچىلىق قىلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەقىقىي تۈردە غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈشى، مەركىزىي ھۆكۈمەت باشلامچى بولۇشى كېرەك، مەركەز دەرىجىلىك چىقىم مەنپىي ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەددىي زۆرۈر بولمىغان ۋە مۇقىم بولمىغان چىقىملار 50%تىن كۆپرەك قىسقارتىلدى. ھەرخىل قالدۇق مەبلەغ ۋە تىنما مەبلەغدىن يىغىۋېلىشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىنىپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. زور كۈچ بىلەن سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، تۈرلۈك چىقىملاردا ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، ھەرقانداق پۇلنى چوقۇم دەل جايىغا، مۇھىم يەرگە ئىشلىتىش، بۇنى بازار سۇبيېكتى ۋە خەلق ئاممىسىغا چوقۇم ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

پۇختا پۇل سىياسىتى تېخىمۇ جانلىق، مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى، ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىش ۋە قايتا قەرز بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى ھەر تەرەپلىمە قوللىنىپ، كەڭ مەنىدىكى پۇلنىڭ تەمىنات مىقدارىنى ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى بۇلتۇرقىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلىتىشقا يېتەكلەش كېرەك. خەلق پۇلى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق تەڭپۇڭ سەۋىيەدىكى ئاساسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ئەمەلىي ئىقتىسادقا ئۇدۇل يەتكۈزۈلىدىغان پۇل سىياسىتى قورالىدا يېڭىلىق يارىتىپ، كارخانىلارنىڭ قەرزنى ئوڭاي ئالالايدىغان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ سىجىل تۆۋەنلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. مالىيە، پۇل ۋە سېلىنما قاتارلىق جەھەتتىكى سىياسەتلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشقا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەدەت بېرىش كېرەك. ھازىرقى ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆلىمىنى تىرىشىپ مۇقىملاشتۇرۇپ، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى پائال كۆپەيتىپ، ئىشسىز قالغانلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جايلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى نامۇۋاپىق چەكلىمىلەرنى ئېنىقلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان تەدبىرلەردىن تۈزۈپ چىقىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق تۈزۈپ چىقىش، ئىش ئورنىنى كۆپەيتىش چارىسىدىن قوللىنىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قوللىنىش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش — ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئورۇنلاش شەرت بولغان قاتتىق ۋەزىپە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ھازىرقى ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كۈچەيتىپ، قېپقالغان نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، قايتا نامراتلاشقان ئاھالىنى كۆزىتىش، يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ ۋە ياخشى يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش جېڭىنىڭ باسقۇچلۇق نىشانىغا يېتىش كېرەك. زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، سىستېمىلىق خەۋپ ـ خەتەر يۈز بەرمەسلىك تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاز ـ كەم بەش ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، كېيىنكى باسقۇچتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي دائىملاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسەتلەردە سالماقنىمۇ ساقلاش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بولىدۇ، بىز پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئىرادىسىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىگىمىز.

ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما

01 ماكرولۇق سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە كۈچەش

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندە مۇنداق دېدى: ماكرولۇق سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە كۈچەش كېرەك.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، يۈز مىليونلىغان بازار سۇبيېكتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا بار كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

باجنى كېمەيتىش ـ ھەقنى تۆۋەنلىتىش سالمىقىنى زورايتىمىز. باسقۇچلۇق سىياسەتنى كۈچەيتىپ، ئۇنى تۈزۈم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرمىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يىراقنى كۆزلەش ئاساسىدا ئىش كۆرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ قىيىنچىلىقنى تۈگىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىمىز. بۇ يىل قوشۇلما قىممەت بېجى نىسبىتى ۋە كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتى قاتارلىقلارنى تۆۋەنلىتىش تۈزۈمى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ. يېڭىدىن كېمەيتىلىدىغان باج ۋە تۆۋەنلىتىلىدىغان ھەق 500 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ. ئالدىنقى مەزگىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان 6 ـ ئايدىن بۇرۇن مۇددىتى توشىدىغان باجنى كېمەيتىش ـ ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرى، جۈملىدىن ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلار تاپشۇرىدىغان كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش، كىچىك كۆلەمدىكى باج تاپشۇرغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان قوشۇلما قىممەت بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، ئاممىۋى قاتناش تىرانسپورتى، يېمەك ـ ئىچمەك، ياتاق، ساياھەت ـ كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە قاتارلىق مۇلازىمەتتىن ئېلىنىدىغان قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، خەلق ئاۋىياتسىيەسى تەرەققىيات فوندىنى، پورت قۇرۇلۇشى ھەققىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۆھلىتى بىردەك بۇ يىل يىل ئاخىرىغا قەدەر ئۇزارتىلىدۇ. كىچىك، مىكرو كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇش مۇددىتى بىردەك كېلەر يىلغىچە ئۇزارتىلىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، پۈتۈن بىر يىلدا كارخانىلارنىڭ 2 تىرىليون 500 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق سېلىقى يېڭىدىن يەڭگىللىتىلىدۇ. باجنى كېمەيتىش ـ ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى قەتئىي تۈردە كارخانىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، بۇ ئارقىلىق كەلگۈسى تەرەققىياتقا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە تۈرتكە بولىمىز. سودا ـ سانائەت كەسپىنىڭ توك باھاسىنى 5% تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتىنى بۇ يىل يىل ئاخىرىغا قەدەر ئۇزارتىمىز. كەڭ بەلباغلىق تور ۋە مەخسۇس لىنىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھەققىنى 15% تۆۋەنلىتىمىز، دۆلەت ئىلكىدىكى ئۆي ـ زېمىننىڭ ئىجارىسىنى كېمەيتىمىز ۋە كەچۈرۈم قىلىمىز، ھەرخىل ئۆي ئىگىلىرىنى ئۆي ئىجارىسىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ياكى كېچىكتۈرۈپ يىغىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز ھەمدە بۇنىڭغا سىياسەت جەھەتتىن مەدەت بېرىمىز. كارخانىلاردىن قائىدىگە خىلاپ ھالدا ھەق يىغىشنى قەتئىي تۈزىتىمىز.

كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشقا قارىتىلغان پۇل مۇئامىلە مەدەتكارلىقىنى كۈچەيتىمىز. ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ قەرزنى دىرى ۋە ئۆسۈمى بىلەن كېچىكتۈرۈپ قايتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتىنى كېلەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر يەنە بىر قېتىم ئۇزارتىمىز، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تىپىدىكى كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ قەرزىدىن كېچىكتۈرۈپ يىغىشقا تېگىشلىكلىرىنى كېچىكتۈرۈپ يىغىش، قىيىنچىلىقى بار باشقا كارخانىلارنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى كېڭەيتىپ كېچىكتۈرۈش كېرەك. بانكىلارنى كىچىك، مىكرو كارخانىلارغا بېرىلىدىغان ئىناۋەتلىك قەرز، دەسلەپكى قەرز، دىرى قايتۇرۇلمايدىغان داۋاملاشما قەرزنى زور ھەجىمدە كۆپەيتىشكە ئىلھاملاندۇرىمىز. ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىكىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىمىز ۋە ئۇنىڭ ھەق نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىمىز. چوڭ سودا بانكىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تىپىدىكى كىچىك، مىكرو كارخانىلارغا قەرز بېرىش سۈرئىتىنى 40%تىن كۆپرەك ئاشۇرىمىز. كارخانىلارنىڭ زايوم ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىمىز. نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغنى «قۇرۇق ئايلاندۇرۇپ» پايدا ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىلەن قەرز ئالغۇچى كارخانىلارنى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، بىللە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بانكىلارنى مۇۋاپىق مەنپەئەت ئۆتۈنۈشكە ئىلھاملاندۇرىمىز. بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ قەرزگە ئېرىشىشچانلىقىنى چوقۇم كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ئۈنۈۋېرسال مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى جەزمەن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىش كېرەك.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمىنى تۈرلۈك ئامال ـ چارە بىلەن مۇقىملاشتۇرىمىز ۋە كېڭەيتىمىز. نۇقتىلىق كەسىپلەر ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتىلغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەدەتكارلىقىنى كۈچەيتىمىز. بۇ يىل ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچى 8 مىليون 740 مىڭ كىشىگە يېتىدۇ، بازارلاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەر ۋە مەكتەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى ھۆكۈمەتلەر ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە ئۈزلۈكسىز مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)